2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

# ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

يىغىندىن ئىلگىرى مۇخبىرلار «بۇلۇتتا لاگېرنى زىيارەت قىلدى»، ۋەكىللەرنىڭ نېمىلەر بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ باقايلى ——

## مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش قەدىمى توختاپ قالماسلىق   تەپەككۇر قىلىش ئۈزۈلۈپ قالماسلىق

بېيجىڭغا بىۋاسىتە ئۇلاش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، ياۋ تۈك

خەلق رايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كاتتا يىغىنغا بارغىچە ۋەكىللەر نېمىلەر بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقاندۇ؟ 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا، مۇخبىرلار «بۇلۇتتا لاگېرنى زىيارەت قىلىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق سىنلىق ئالاقىلىشىش، تېلېفون قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ۋەكىللەرنىڭ ياتىقىغا «كىرىپ»، ھەممە يەردە ئالدىراش سىمالارنى بايقىدى. «بۇ يىل يىغىن كېچىكىپ ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىرادىمىزنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولغان ئىكەنمىز، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، نەتىجە يارىتىشىمىز كېرەك» دېدى ۋەكىللەر.

### «تەكلىپىمنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالىشى ئۈچۈن، رەقەملەردىن كۆپرەك پايدىلىنىپ سۆزلىشىم كېرەك»

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، مۇخبىرلار ۋەكىل مۇسا مەمەت بىلەن ئۈندىدار ئارقىلىق سىنلىق تېلېفونلاشتى، يان تېلېفون ئېكرانى ئارقىلىق مۇخبىرلار مۇسا مەمەتنىڭ كىتاب ئۈستىلىگە ھەر خىل كىتاب، ھۆججەتلەرنىڭ قويۇلغانلىقىنى، يەنە بىر دەستە ئىش قەغىزى قويۇلۇپ، ئۈستىگە زىچ خەت يېزىلغانلىقىنى كۆردى.

مۇسا مەمەت شىنجاڭ شۆفېڭ پەن ـ تېخنىكا(گۇرۇھ) پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ـ قوغداش بۆلۈمى پىستان سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. بۇ كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، ئۇ ئىزچىل ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ كۆردى، «بىر نەچچە سانلىق مەلۇماتنى يەنە ئېنىق دەلىللەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. تەكلىپىمنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالىشى ئۈچۈن، رەقەملەردىن كۆپرەك پايدىلىنىپ سۆزلىشىم كېرەك» دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.

«سىز مېلامىننى بىلەمسىز؟» مۇخبىرلارنىڭ سوئال سورىشىنى كۈتمەيلا، مۇسا مەمەت ئالدى بىلەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇسا مەمەت مۇنداق دېدى: كۆپ قىسىم كىشىلەر مېلامىننى بىلىدۇ، ھەممىسى زەھەرلىك سۈت پاراشوكى ۋەقەسى ئېلىپ كەلگەن «يامان نام» سەۋەبىدىن بولغان، ئەمەلىيەتتە، مېلامىن ئورىيانى خام ئەشيا قىلىدىغان بىر خىل مۇھىم، نازۇك خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى بولۇپ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ. بۇ يىل، ئۇ ئېلىپ كەلگەن تەكلىپتە دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى بىرىكتۈرۈش، كەسىپنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، ئۆلچەم تۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭنى قوللاپ، مېلامىن كەسپىنىڭ تېز، ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى مۇراجىئەت قىلىندى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، ئۇ تۇرۇشلۇق شۆفېڭ شىركىتى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتى ئارقىلىق شىنجاڭ يۈشياڭ خۇيياڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ پېيىنى كونترول قىلدى، بۇ شىركەت شاياردا بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىپ مېلامىن ئىشلەپچىقىرىدىغان كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ كارخانا. كۆپ قېتىم نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مۇسا مەمەت دۆلەت ئىچىدىكى مېلامىن كەسپىنىڭ بىرقەدەر تارقاق ئىكەنلىكىنى، ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلارنىڭ تېخى تولۇق ئېچىلمىغانلىقىنى بايقىدى. «بۇ كەسىپنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولغىلى، تەبىئىي گاز بايلىقىنى تېخىمۇ كۆپ ‹ھەقىقىي ئالتۇن ـ كۈمۈش›كە ئايلاندۇرغىلى ھەم تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ». ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ بىر نەچچە كۈندە ئۇ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى باشقا ۋەكىللەر ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن كۆپرەك مەسلىھەت سوراپ، تەكلىپىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، «مەن يەنە كۆپچىلىككە كۆپرەك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى قىلىپ، كۆپچىلىككە بۇ كەسىپنى كۆپرەك چۈشەندۈرمەن».

### پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ ئىللىقلىققا ۋە سالماقلىققا ئىگە قىلىش

مۇخبىرلار ۋەكىل شۇ تاۋنىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلغاندا، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى، «بايا مەن تېخى بىزنىڭ لېي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىدىكى پىدائىيلار بىلەن تېلېفوندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلاردىن يەنە تولۇقلاشقا بولىدىغان قانداق ياخشى ئويلىرى بارلىقىنى سورىغانىدىم. كۆپچىلىك بىرلىكتە چارە تاپساق، ئامال تاپساق، بۇ تەكلىپنىڭ مەشغۇلاتچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ».

شۇ تاۋ قۇتۇبى ناھىيەسى لېي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، شۇ تاۋنىڭ چاقىرىقى بىلەن، 36 ئەر ـ ئايال تاكسى شوپۇرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتىدىن ۋاز كېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئاتلاندى. شۇ تاۋ يەنە مەھەللە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە تىزىملىتىپ قاتنىشىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياشانغانلار، ئاجىزلار، ئاغرىقلار، مېيىپلەر، ھامىلدارلارنى داۋالىنىشقا ئاپىرىپ ئەكېلىش، ياردەملىشىپ كۆكتات سېتىۋېلىش، دورا يەتكۈزۈپ بېرىش، توك ھەققى، سۇ ھەققىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇپ بېرىش، ماددىي ئەشيالارنى توشۇش قاتارلىقلارنى قىلدى. «يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر پىدائىيلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى، بۇمۇ مېنى قانداق قىلغاندا پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ قېلىپلاشقان، تېخىمۇ ئىلمىي، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا قارىتا يېڭى ئويغا ئىگە قىلدى» دېدى ئۇ.

شۇ تاۋنىڭ ئېيتىشىچە، پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈمى ۋە نەتىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسى قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن. «بۇ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ ئاشكارا، تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ كەسپىي قىلىدۇ، شۇنداقلا ياردەمگە ئېھتىياجلىقلار بىلەن پىدائىيلار ئارىسىدىكى تەمىنلەش ـ ئېھتىياج ئۇچۇرىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ تېخىمۇ دەل جايىدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ».

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، شۇ تاۋ ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئىلگىرى مۇداپىئە بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەندى، بۇ ئۇنى پىدائىيلار مۇلازىمىتىدە تەرتىپلىك ۋە رەتلىك قىلغۇزدى، ئۆزىمۇ تېخىمۇ ياخشى قوغدىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيەلەش ناھايىتى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىدە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پىدائىيلار مۇلازىمىتى بويىچە قەرەللىك تەربىيەلەش، كەسپىي تەربىيەلەش ۋە ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيەلەش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تەربىيەلەش سىستېمىسى قۇرۇپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ سەۋىيەسى ۋە سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، نۇرغۇن پىدائىيمۇ ماڭا بۇ خىل كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى» دېدى ئۇ.

پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى تېخىمۇ ئىللىقلىققا، تېخىمۇ سالماقلىققا ئىگە قىلىش، بۇ، شۇ تاۋنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى.

### «مېنىڭ قومۇلنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىم تولۇپ تاشتى»

«مەن ھازىر تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، تېزلا سىزگە جاۋابىنى بېرىمەن.» «سىلەرنىڭ زىيارەت تېزىسلىرىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم، بۇ يىل يۈز كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق، بىراق سىنلىق ئالاقىلەشسەك بولىدۇ...» 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتە، مۇخبىرلار ۋەكىل زۇمرەت ئوبۇل بىلەن سىنلىق ئالاقىلىشىپ زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭ ياتىقىدىكى مۇقىم تېلېفون توختىماي جىرىڭلىدى، ھەممىسى تاراتقۇ مۇخبىرلىرىدىن كەلگەن تېلېفونلار ئىدى. «بۇ كۆپچىلىكنىڭ قومۇلنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

زۇمرەت ئوبۇل قومۇل شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى. بۇلتۇر، ئۇ «قومۇلنىڭ شىمالدا ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» «جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى چوڭ يول(چاقىلىقتىن قومۇلغىچە) ياساشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» قاتارلىق ئۈچ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ھەربىرىدە قومۇلنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ھالقىلار بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرىلگەنىدى.

زۇمرەت ئوبۇلنى خۇشال قىلغىنى، تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشىغا ئېرىشكەنلىكى بولدى. نۆۋەتتە، قومۇلنىڭ شىمالدىكى ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇشى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلماقتا، يېرىك پىلان تۈزۈلۈپ دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاندى، سۇ بىلەن تەمىنلەش، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش قاتارلىق دوكلاتلارمۇ يوللاندى. «تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى بىرقەدەر تېز بولۇۋاتىدۇ، مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، قومۇلنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىم تولۇپ تاشتى» دېدى ئۇ.

زۇمرەت ئوبۇلنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، بۇ يىل ئۇ «شىنجاڭنىڭ كۆمۈر بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدىكى تەكلىپ»نى ئېلىپ كېلىپتۇ. «قومۇلنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنى ئايلاندۇرۇش قەدىمى بارغانسېرى زور ئېلىنىپ، قومۇلدىن ئىبارەت بۇ ‹گۆھەر ئويمانلىق›نى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى يېڭى موتورغا ئايلاندۇرىدۇ» دېدى ئۇ تولۇپ تاشقان ئارزۇ ـ ئىستەك بىلەن.

«بۇلۇتتا لاگېرنى زىيارەت قىلىش»نى سىكانېرلاڭ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زور يىغىن، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش. بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈرەش قىلىش روھىنى قوزغىتىش، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر ـ ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ھەرقايسى ۋەكىللەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئاڭلىقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ئېڭى، كەسكىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش روھى بىلەن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، يىغىننىڭ تۈرلۈك دوكلاتلىرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پائال ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىپ، تۈرلۈك ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، ياخشى ئوبراز تىكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھېچقانداق چاتاق چىقماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ۋەكىللىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشەنچ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، سادىق، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، يىغىننىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تاماملاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنت قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى — يول ئىككى ئاپتوموبىل قاتارلىشىپ ماڭالىغۇدەك ئاشۇنداق كەڭ رېمونت قىلىندى، ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈم بارىڭى ياسالدى، ئۆي، ھويلىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى. كەنت ئاھالىلىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، قەلبىگە پۈكتى. «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەشكىلگە بولغان ئىشەنچى بىرمۇبىر ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنىڭ توپلىنىشىغا تايىنىدۇ» دېدى خېن جيەنپىڭ.

خىزمەت ئەترىتى كەنت «ئىككى كومىتېت»نىغا ياردەملىشىپ قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تەجرىبىلەرنى تۈزۈمگە كىرگۈزدى. پۈتۈن كەنتتىكىلەرنى ئەڭ تۆۋەن كىرىمگە ئىگە قىلغان ھويلا ـ ئارانلارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى دەل كەنت پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرى — «پارتىيە ئەزالىرى كېڭىشى»دە قارار قىلىنغان نامراتلارنى يۆلەش تۈردىن ئىبارەت. ئادەم ئادەمگە ياردەم بېرىش، ئائىلە ئائىلىگە ياردەم بېرىش، ئون ئائىلە ئۆزئارا ياردەم بېرىش، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىش، گۇرۇپپىلارنى ھۆددىگە ئېلىشتەك نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنى ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمى ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرى ئۆز ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا كۆكتات تېرىقچىلىقى، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلگىرى پۇل تاپقىلى بولمايدىغان ھويلا ـ ئارانلاردىن ھەر يىلدا ئاز بولمىغان كىرىم قىلالايدىغان بولدى. بۇ يىل بۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى كۆپ قېتىم «پارتىيە ئەزالىرى كېڭىشى» تەشكىللىدى، يېقىندا ئاخىر قارار چىقىرىلغان چوڭ ئىش «پارتىيە ياچېيكىسى+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+نامرات ئائىلە» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىش بولدى.

«چوڭ ئىشلارنى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى كېڭىشىپ بېجىرىش، كىچىك ئىشلارنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە بېجىرىش، ھەربىر ئىشنىڭ ھەممىسىنى چىرايلىق بېجىرىش.» قوچاقبېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىلىكى بولسىلا، بۇ يىل چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ.

ۋەكىللەر، ئەزالار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا توختالدى ——

### «ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى ئاچقۇچ»

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى ئاچقۇچ.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئەكبەر مەتناسىر مۇنداق دېدى: ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى نامراتلىقتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى بىلگەندىلا، ئاندىن نامرات ئاھالىلەرنى يېتەكلەپ نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قانداق بېيىتىشنى بىلگەندىلا، ئاندىن كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ بىرلىكتە ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنالايدۇ.

ئەكبەر مەتناسىر مۇنداق قارىدى: پارتىيە قۇرۇلۇشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، كادىرلار ۋە نامرات ئامما ئارىسىدا بىر كۆۋرۈك سالدى؛ پارتىيە قۇرۇلۇشى نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئەندىزىسىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە كۈچلۈك ياچېيكا قۇرۇش، ئاممىنى يېتەكلەش، كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاسىتىگە ئايلاندى.

### «ئاساسىي قاتلام قورغىنىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز»

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى جياڭ پىڭئەن ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە قاتناشقاندا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدە جەزمەن بىر ياخشى باشلامچىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى بايقىدى.

ئەزا جياڭ پىڭئەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: پارتىيە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق زورايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سالمىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تايانچ كۈچلەرنى تاللاپ ئەۋەتىپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ساپاسى ياخشى، ئىستىلدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە ئۇيغۇنلىشىدىغان ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، ئاساسىي قاتلام قورغىنىنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئىش قىلىش، نەتىجە يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرالايمەن ——

### «كۆپرەك پۇل تېپىپ، كۈنلىرىمنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمەن»

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى قوچاقبېرىق كەنتىدە ھاۋا ئانچە ئىسسىق ئەمەس ئىدى، نامرات ئاھالە تۇخان روزىتوختى ئۆيىنىڭ ھويلىسى پاكىز، ئازادە، يورۇق بولۇپ، تام تۈۋىدىكى ئېگىز ـ پەس گىرەلىشىپ كەتكەن جايغا گۈل تەشتەكلىرى قويۇلغانىدى، ئەتىرگۈل، قوناق گۈل، گۈيبېيجۇ قاتارلىقلار شامالدا يەلپۈنۈپ ئۆسۈۋاتقانىدى. كۆڭۈل قويۇپ يىغىشتۇرۇلغان ھويلا ھەر ۋاقىت ساياھەتچىلەرنىڭ كېلىپ ئىستىراھەت قىلىپ ئارام ئېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

«ھازىر، ‹پارتىيە ئەزالىرى كېڭىشى›دە قارار قىلىنغان ئىشلارغا قەتئىي پىكرىم يوق.» تۇخانمۇ پارتىيە ئەزاسى، بىراق ئىلگىرى ئۇنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كۆرۈنەرلىك ئەمەس ئىدى، بەزىدە يەنە زىتلىشىپ قېلىش كەيپىياتىدا بولاتتى، «كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەلگەندىن كېيىن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، بىزنى يېتەكلەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ياخشى ئىشلار بولدى».

بۇلتۇر، تۇخان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھويلا ـ ئارانىنى ئۆزگەرتتى، يېرىم مو كۆكتاتلىق ئىلگىرىكى ياۋا ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن ھويلىنىڭ ئورنىنى ئالدى، ئۆيى پۈتۈنلەي قونالغۇغا ئۆزگەرتىلدى، يىللىق كىرىمى 6000 يۈەن بولدى.

بۇ كۈنكى كۈندە، قوچاقبېرىق كەنتىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. پايدىسىنى كۆرگەن تۇخان قوشنىسى ئادىل ئاتاۋۇللانىڭ دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىشىغا ياردەملەشتى، 40 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق نامرات ئاھالە پايىغا سۇندۇرۇپ مىقدارلاشتۇرۇش شەكلىدە پاي قوشۇپ پايدا ئايرىيدىغان بولۇپ، ھەربىر ئادەم يىلىغا كىرىمنى 3000 يۈەن ئاشۇرالايدىغان بولدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇلدى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رولى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلدى، ئادىلغا ئوخشاش مۇشۇنداق پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن نەپ ئالغان نامرات ئاھالىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ يىل ئادىل پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇنۇپ، يۇرتداشلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە يېتەكلىيەلەيدىغان بولۇشقا قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)